# مۇھاجىرلارنىڭ سۈپەتلىرى

**مۇھىم ئەسكەرتىش :**

ئۇشبۇ ئەسەر ئۆزبېكىستان ئىسلامىي ھەركىتى سابىق ئەمىرى مۇجاھىد ئۇستاز ـ مۇھەممەد تاھىر «فارۇق» نىڭ شۇ ناملىق قىممەتلىك تەبلىغىدىن ئاڭلاپ يېزىپ چىقىلدى. بىز بۇ يەرگە يېزىلغان ھەر بىر كەلىمىنى ئۇستازنىڭ ئاغزىدىن چىققان پېتى يېزىلدى دېمەيمىز.گەرچە دەسلىپىدە ئاساسەن شۇنداق يېزىلغان بولسىمۇ كېيىنكى ئەدەبىيلەشتۈرۈپ تەھرىرلەشلەر داۋامىدا تەبئىي ھالدا ئەسلى نۇتۇقتا مۇناسىپ قىسمەن پەرقلەر بارلىققا كەلدى شۇنداقلا ئاڭقىرالماي قالغان پەقەت بىر نەچچە جۈملە قىسقارتىۋېتىلدى. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر ۋاقىپ بولۇپ قالغاي.

بسم الله الرحمن الرحيم

إِنَّ الْحَمْدَ لِلَّهِ ، نَحْمَدُهُ ، وَنَسْتَعِينُهُ ، وَنَسْتَغْفِرُهُ ، وَنَعُوذُ بِاللَّهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا ، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا ، مَنْ يَهْدِهِ اللَّهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ

ئەھلى ئىمان بۇرادەرلەر،الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا پۈتۈن مەخلۇقاتنى بىر مەقسەت ، بىر ھېكمەت بىلەن ياراتقان ۋە الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆزى مۇكەررەم قىلغان ئىنساننى ئالى مەقسەت بىلەن يارىتىپ، مانا بۇ ياراتقان ئىنساننى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويماي بەلكى بۇ ئىنساننىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە سەھىپىلەرنى ، كىتابلارنى نازىل قىلدى. تاكى مانا بۇ ئۆزى مۇكەررەم قىلغان ئىنسان، ھاياتى دۇنيادا اللەنى رازى قىلىدىغان ھالەتتە ياشىشى ئۈچۈن.
يەنى بىز ھاياتقا ئەبەس بىھۇدە كەلمىگەنمىز. بىز بىر ئالى غايە بىلەن يارىتىلغانمىز. الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مانا بۇ ئالى غايىنى مەرھەمەت قىلىپ ئېيتتىكى :

«وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ»

« مەن ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم ».دېمەك اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بىزنى ئەبەس بىھۇدە ياراتقان ئەمەس بەلكى بىزنىڭ ھاياتقا كېلىشىمىزدىكى ئاساسى مەقسەت الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالاغا بەندىلىك قىلىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان. اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالاغا بەندىچىلىك قىلىشنىڭ قانداق بولۇشىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان پەيغەمبەرلەر سۇلالىسى مانا بۇ ئىنسان قانداق ئەمەللەرنى قىلسا اللەقا ھەقىقىي بەندىچىلىك قىلىدۇ ، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئۇبۇدىيەت سۈپىتى بولىدۇ، ئۇنى پەيغەمبەرلەر ھاياتى خاسسەتەن مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ـ مانا بۇ رىسالەتنى كامالەتكە يەتكۈزگەن زات ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 23 يىل مابەينىدە ئەمەلىي رەۋىشتە كۆرسەتتى ۋە ئۆزىدىن كېيىن مانا بۇ بەندىچىلىكنى قانداق قىلىشنىڭ تەلىماتى مۇكەممەل رەۋىشتە قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتى نەبەۋى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقىلىق بىزلەرگە مىراس بولۇپ كەلدى .
دېمەك اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بىزنى ئۆزىگىلا ئۇبۇدىيەت سۈپىتى بىلەن ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ياراتقان ئىكەن ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئەمەلىي رەۋىشتە كۆرسىتىپ قويغان ئىكەن مانا بۇ سۈپەتلەرگە ئەمەل قىلىشنى بىز دائىملىق رەۋىشتە بىر ـ بىرىمىزگە ئەسلىتىپ تۇرىشىمىز كېرەككى بىز ھاياتقا نېمىگە كەلگەنمىز ،

نىمە مەقسىتىمىز بار ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز نىمە؟ مەن مانا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇرئان كەرىمدە « ھەشىر سۈرىسى » دىكى بىر ئايەتكە مۇراجىئەت قىلماقچىمەن ، خاسسەتەن مۇھاجىرلىق سۈپىتىنى ئالغان مۇھاجىرلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بىرمۇ ـ بىر ئەسلىتىپ قويماقچىمەن.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ « لِلْفُقَرَاء الْمُهَاجِرِينَ الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِن دِيارِهِمْ وَأَمْوَالِهِمْ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا وَيَنصُرُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ أُوْلَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ »

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى : «(ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار اللە نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر.» (ھەشىر : 8)

اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ھەشىر سۈرىسىنىڭ 8 ـ ئايىتىدە غەنىمەت مەسىلىسىنى يەنى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەردە يەھۇدىلارنىڭ ماللىرى غەنىمەت ئېلىنغان ۋاقىتتا بۇ غەنىمەتتىن باشقا بىر تۈرى بولغان، اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بۇنىڭ ئىختىيارىنى مۇكەممەل رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەرگەن ئىدى. مانا بۇ غەنىمەتلەر تەقسىماتىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە ھەممە نەرسىسىنى تاشلاپ چىققان مۇھاجىرلارغا بەردى، پەقەت ساناقلىق ئەنسارىلارغا نىسۋە تەگدى خالاس . ئەسلى بۇ ئايەت مانا شۇ غەنىمەتنىڭ ھۆكمى ھەققىدە، غەنىمەتنى كىمگە بېرىش كېرەك ئىدى. بىز غەنىمەت توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمەكچى ئەمەسمىز بەلكى مانا شۇ غەنىمەت بېرىلگەن پېقىر مۇھاجىرلارنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مانا بۇ غەنىمەتنى مۇھاجىرلاردىن بولغان پېقىرلارغا دەپ خاسلاپ قويدى . بۇ مۇھاجىرلار شۇنداق كىشىلەركى

« الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِن دِيارِهِمْ »

ئۇلار ئۆز دىيارىدىنى چىقىرىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلگەن نەرسە، ئۇلارنى دىيارلىرىدىن چىقارغان . ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى دىيارلىرىدا قېلىپ قالغان ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا دىيارلىرى ، ئۆيلىرى ، جايلىرى، ۋەتەنلىرى ھەممىسى قالغان ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرى ھەم قالغان ، بىرەر نەرسىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلەلمىگەن . بۇلار پېقىر مۇھاجىرلار ، ھەممە نەرسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېلىشكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مانا بۇ غەنىمەتنىڭ تەقسىماتىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ، بۇ كىشىنىڭ ئۈممىتىگە تەلىمات بەردىكى مانا بۇ ھەممە نەرسىسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كەلگەن پېقىر مۇھاجىرلار: اللەنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن چىقىش كېرەك ئىكەن ، اللەنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن ھىجرەت قىلىش كېرەك ئىكەن دېگەن چاغدا ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىگەن ، ھەممە نەرسىنى ئارقىدا قالدۇرغان، ھەتتاكى ھىجرەت توغرىسىدا سۆز قىلغان ۋاقىتتا ئۆلىمالار ئېيتىشىدۇكى ھەتتاكى ساھابىلار ئۈچۈن مىلىنى توشۇپ كېتىش ئاسان ئىدى ، ئۆي ـ جايىنى توشۇپ كېتىشى ئاسان ئىدى . ۋە لېكىن ئۇلار اللە تەئالانىڭ

بۇيرۇقىغا شۇنچىلىك ئىتائەت قىلدىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئارقىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قالدۇرۇپ چىقىشتى. ھەتتا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ ئېيتتىكى « الله تەئالا ھىجرەتكە بۇيرۇپتۇ يا رەسۇلۇللاھ، ھىجرەتكە چىقىپ كەتسەم بولامدۇ؟ » دېگەن ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: شايەتكە سىزگە سۆھبەت تېپىلىپ قالسا دەپ ئەبۇ بەكرىنى توختىتىپ قويىدى، بىللە ھىجرەت قىلىمىز دەپ بىر ئىشارەت قىلىپ قويىدى.

ئۇلارغا ھەممە نەرسىنى تاشلاپ چىقىش ئاسان ئىدى، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالدۇرۇپ كېتىش بۇلار ئۈچۈن ئېغىر ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن ھىجرەت شۇنچىلىك مۇھىم ئىدى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قالدۇرۇپ چىقىشتى. بۇ سۆزىمىز بەزىبىر ھىجرەتكە قېيىنلىۋاتقان بۇرادەرلەرنىڭ قۇلقىغا يېتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەسكى ئۇلارمۇ كۇفرىغا رازى بولماستىن ھىجرەتكە چىقىپ قېلىشسا. ھىجرەتكە پەقەت مال ، ئۆي ـ جايىنى تاشلاپ ئەمەس ھەتتا ساھابىلار ئۇلارغا ئاتىلىرى ـ ئانىلىرىدىن ئەڭ سۆيۈملۈكرەك بولغان ، ئاتا ـ ئانىلىرىنى پىدا قىلىدىغان زات رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىدى . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇھەببىتى ئۇلارنىڭ قەلبىدە شۇنچىلىك جايلاشقان ئىدى.

ياسىر ، ئايالى سۇمەييە، ئوغلى ئەممار شۇنچىلىك قاتتىق ئازاپلىناتتىكى بۇلاردىن بىرلا نەرسە تەلەپ قىلىناتتى . ئەبۇ جەھىل مەلئۇن ئېيتتىكى مۇھەممەدنى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) سۆكسەڭ ، مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) نى ھاقارەت قىلسەڭ ، يامان سۆز بىلەن يادقا ئالسەڭ دېگەن ۋاقتىدا سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەقەت ئەبۇ جەھىلنى ھاقارەت قىلاتتى ،ئەبۇ جەھىل سېغىندىغان بۇتلارنى ھاقارەت قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھاقارەت قىلمايتتى . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھاقارەت قىلغان ساھابە بولغان ئەمەس ، ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك مۇھەببەتلىرى بولغان.

ئۇلار الله ۋە رەسۇلى ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى تاشلاپ چىقىشتى ۋە پېقىر بولۇپ قېلىشتى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير؛ بۇ كىشىگە كېپەنلىك تېپىلمىدى . ئوھۇد كۈنىدە بۇ كىشىنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن كېپەنلەيمىز دېگەن ۋاقتىدا كېپەن تېپىلمىدى، ۋەھالەنكى بۇ كىشى ئىسلامدىن بۇرۇن مەككىنىڭ يىگىتلىرىدىن ئىدى . ئانىسى ئۇنىڭغا ھېچكىمگە كىيگۈزمىگەن لىباسنى كىيدۈرەتتى ، ھېچكىمگە يېدۈرمىگەن تائامنى يىگۈزەتتى ۋە كوچىلاردىن ئۆتۈپ كەتسە بىر قانچە سائەتكىچە بۇ كوچىدىن ئەتىر خۇشپۇراق ھېدى كېلەتتى ۋە ھەممە ئېيتاتتىكى بۇ كوچىدىن مۇسئەب ئۆتكەن بولسا كېرەك ، ھەر بىر كۆرگەن ئايال بۇ كىشىگە ئاشىق بولۇپ قالاتتى...

بۇ كىشى شەھىد بولغان ۋاقتىدا پېقىرلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى بۇ كىشىگە كېپەنلىك تېپىلمىدى . تانەلەردىكى لىباسلار بىلەن بېشىنى ئوراپ قويىدى، بۇ كىشى پۇتلىرىغا (ئوت ـ چۆپلەرنى ئوراپ) ئاشۇ ئوت ـ چۆپلەر بىلەن دەپنە قىلىندى...

ھەممە نەرسىنى تاشلاپ چىقىشتى . سۇھەيب رۇمى ھەممە ماللىرىنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن مۇشرىكلارغا بەردى تاكى ئۆزى سالامەت ھىجرەتكە كېتىۋالدى . ئەبۇ

سەلەمە، ئۇممۇ سەلەمە بىلەن ئوغلى سەلەمەنى قويۇپ كەتتى. ھىجرەت شۇنچىلىك مۇھىم ئىدىكى ئۆزلىرى يالغۇز ھىجرەتكە چىقىپ كەتتى . دائىم بىز ئېيتقانىمىز ئەگەر بىز مۇجاھىد بولغان بولساق، مۇھاجىر بولغان بولساق ئەۋۋەلقىلىرىمۇ ئەمەسمىز ، ئاخىرقىسىمۇ ئەمەسمىز ، مۇھاجىرلىقنى قايىللاپ قويغان، مۇجاھىدلىقنى قايىللاپ قويغان بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن سەلەف ـ سالىھلىرىمىز بار .

بۇ فۇقارالار، بۇ مۇھاجىرلار نىمە ئۇچۇن چىققان ؟ نىمىشقا مەككىنى تاشلاپ مەدىنىگە كەلگەن ؟

« يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا »

ئۇلارنىڭ بىرلا نىيىتى بار ، ئۇلار اللەنىڭ فەزلىنى ۋە اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىستەپ چىققان كىشىلەر. ئۇلارنىڭ خاھىش ـ ئىرادىلىرى شۇ خالاس . مەككىدە ئاچ قالغانلىقىدىن ، ئۇلار مەككىدە ماكانسىز قالغانلىقىدىن ، مەككىدە كەمبەغەل بولۇپ قېلىپ ئىش ئىزدەپ چىقمىغان. ئۇلارنىڭ ئىستەپ چىققان نەرسىسى ، ئۇلارنىڭ ئىستەك ـ خاھىشى ، ئۇلارنىڭ ئۇمىدى نىمە ؟ اللەنىڭ فەزلى ۋە رازىلىقى . شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچكەن . ئىككى نەرسە ئۈچۈن ـ اللەنىڭ فەزلى ۋە اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتىدىن ، ئانىدىن ، ئەھلى ئايال ، پەرزەنتىدىن، ھەممە نەرسىدىن كېچەلىگەن. مانا بۇ نىيەت . ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى نىمە ؟

« وَيَنصُرُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ»

ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، ئۇلارنىڭ بۇ يولغا چىقىپ قىلىدىغان خىزمىتى نىمە ؟ اللە ۋە رەسۇلىغا ياردەم بېرىش دىدى، سۇبھانەللاھ ! ئۆزى يېقىر بولۇپ قالغان بولسا ، ۋەتەنىدىن قوغلانغان بولسا، ھېچۋاقاسى بولمىسا ئۇ ھەم اللەقا ۋە رەسۇلىغا ياردەم بېرىدۇ. اللە تەئالا ئېيتىۋاتىدۇ، ئۇلار اللەقا ۋە رەسۇلىغا ياردەم بېرىدۇ ، ئۇلارنىڭ باشقا مەقسىتى يوق.

« أُوْلَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ »

بۇلار ئەمدى بىز مۇئمىنمىز دىسە، مۇھاجىرمىز دىسە يارىشىدىغان سادىقلار. بۇلار ئىماندا، ھىجرەتتە، جىھادىدا سادىق كىشىلەر دەپ اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ. اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇكى « أُوْلَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ » ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىن ، ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇھاجىر، ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇجاھىدلار . بۇلار ئېيتالايدۇكى بىز مۇئمىنمىز ، بىز مۇھاجىرمىز ، بىز مۇجاھىدمىز. قولىدا ھېچ ۋاقاسى يوق ، ھەتتا شەھىد بولسا كېيەنلىكى يوقلىقى بىلەن بىللە لېكىن ئۇلار اللە ۋە اللەنىڭ رەسۇلىغا ياردەم بېرىدۇ ، اللە اكبر!

بۇ، مۇئمىنلەرگە بىشارەت .اللە تەئالا مۇھتاج ئەمەس ، اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆزىنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن مالائىكىلەرنىڭ ياردىمىگىمۇ مۇھتاج ئەمەس ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ياردىمىگىمۇ مۇھتاج ئەمەس ۋە بۇنى دەپ ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولغان بىچارە، فۇقارا ـ يېقىر مۇھاجىرلارغا مۇھتاج ئەمەس . بۇ اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا تەرىپىدىن مۇئمىنلەرگە بىر ئەزىزلىك، بۇ، مۇئمىنلەرگە بىشارەت. بۇلار اللەقا ۋە رەسۇلىغا ياردەم بېرىدۇ ، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ خىيالى، پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتى ، پۈتۈن غېمى اللە ۋە

رەسۇلىنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش ، ئۇلارنىڭ باشقا مەقسىتى يوق. ئۇلارنى بىۋەتەن قىلغان ، يېقىنلىرىدىن جۇدا قىلغان سۆيەت مانا بۇ سۆيەتتۇر.

ئۇلار قورسىقى ئۇچۇن چىقمىغان ، بالا ـ چاقىسى ئۇچۇن چىقمىغان، ئىش ئىزدەپ چىقمىغان. ئۇلارنى بۇ يولدا غېرىپ قىلغان ، بۇ يولدا ئۇلارنى ھەممە نەرسىدىن ، دۇنيا لەززىتىدىن مەھرۇم قىلغان نەرسە مانا بۇ نەرسە. بۇ قىيامەت كۈنىگىچە كېلىدىغان مۇئمىن، مۇھاجىر، مۇجاھىدنىڭ سۆيىتى بولۇشى كېرەك . نېمە ئۇچۇن ھەممىنى تەرك قىلىپ چىقتى ؟ تۇغۇلغان ۋەتىنى ، تۇغۇلغان ئۆي ـ جايى ، ئەۋلادى ، قېرىنداشلىرى ، مال ـ مۈلكى... نېمىگە چىقتىڭ ؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى مانا شۇ ئايەتتە بار . مۇھاجىر نامى بىلەن يەر يۈزىدە مىليون ـ مىليون ئىنسانلار بار . ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇھاجىر دەيدۇ . لېكىن ئۇلار نېمە، مانا بۇ سۆيەتنىڭ قايسىسى بار ؟...نىمە ئىستەپ چىقىپتۇ؟ ئىش ئىستەپ چىقىپتۇ، سىياسى باش ـ پاناھ تەلەپ قىلىپ چىقىپتۇ، بىر ئىسسىق ئۆي تېپىش ئۇچۇن چىقىپتۇ،بالا ـ چاقىسىنى جىقايتىش ئۇچۇن چىقىپتۇ، قورسىقى ئۇچۇن چىقىپتۇ.

ئەگەر بۇ سۆيەتلەر تېپىلىدىغان بولسا، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا«إِن تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ »ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرسەڭلار ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى كاپىرلارغا قارشى مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.نېمە ئۈچۈن شۇنچە مىليۇن ـ مىليۇن مۇھاجىر بولىدۇ ـ يۇ،دىن ئالىي بولمايدۇ؟! نېمە ئۈچۈن مۇھاجىرلار شۇنچە كۆپ، سانى بىھېساپ، لېكىن قەدىمى مۇستەھكەم ئەمەس؟ كاپىرلارغا قۇل بولۇپ ياشايدۇ؟ كاپىرلارغا مەدىكار بولۇپ ياشايدۇ؟ كاپىرلار قولىدا قەتىل بولۇپ ،قۇللۇق قىلىپ نومۇسى تاجاۋۇز بولىدۇ؟ نىمىگە؟! ئۇلار ئۆزىگە ئالغان مۇھاجىرلىق سۆپىتىدە يالغانچى، مانا ئاللاھ تائالا ھەشىر سۈرىسىدە ئېيتىۋاتىدۇ، مۇھاجىر قانداق بولىشى كېرەك؟ ھەممە نەرسىسىدىن ۋاز كەچكەن، بۇنىڭ ئورنىغا ئاللاھنىڭ فەزلىنى ۋە رازىلىقىنى ئالغان. ئۇلارنى شۇنى ئىستەپ چىققان .بۇ سۆزنىڭ ئىسپاتى ئۇچۇن نىمە قىلغان؟ ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا تاقىتىنىڭ بارىنى ئىشلىتىپ نىمە قىلغان؟ مانا بۇ دىنىنى ئالى قىلىش ئۇچۇن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا يولىدا جانۇ ـ مالىنى قۇربان قىلغان.

ساھابىلارنىڭ ھاياتىنى كۆرىدىغان بولساق ئۇلار مەككىدىن مەدىنەگە چىقىپ،مۇھاجىر بولۇپ بۇلانىڭ ۋەزىپىسى نىمە بولغان؟ بۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرگە بارغاندىن كېيىن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشچىلىقىدىكى تەۋھىد دۆلىتى قۇرۇلغان،تەۋھىد دۆلىتى قۇرۇلىشى بىلەن پۈتۈن دۇنيانىڭ دۈشمەنلىكىگە قارىماستىن، ئۇشا مەدىنىنىڭ ئەتراپىدا كاتتا ـ كاتتا زوراۋان يەھۇدى قەبىلىلىرى بار ئىدى، مەدىنىدە مۇناپىقلار بار ئىدى، قۇرەيش دۈشمەن ئىدى، رۇم دۈشمەن ئىدى، پارىس دۈشمەن ئىدى،ھەممە دۇنيا دۈشمەن ئىدى ۋە لېكىن ئاز سانلىق بولغان بۇ مۇۋاھھىدلار، ئازسانلىق بولغان ھەقىقى مۆمىنلەر، ئاز سانلىق بولغان سادىق مۇھاجىر ـ مۇجاھىد ئەنسارلاردىن قۇرۇلغان بۇ دۆلەت پۈتۈن دۇنيا بىلەن يۈزلەشتى.

ئۇلارنى يوقىتىش ئۇچۇن قانچىلىغان ئۇرۇنۇش بولدى. بەدر غازىتىدە ئەبۇ جەھىل بۇلارنى تەك ـ تومۇرى بىلەن ئۈزىۋالىمەن دەپ شۇ نىيەتتە چىققان ئىدى. ئوھۇد كۈنى نىمە بولدى؟ خەندەكتە نىمە بولدى؟ خەيبەردە نىمە بولدى؟ھەممىسى ئىسلامنى يوقىتىش ئۇچۇن.

بۇلارنىڭ شۇنچە كۈچى بار ئىدى، نىمە ئۈچۈن يوقىتالمىدى ؟ چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ياردەم بەرگەن. ئىسلام تارىخىدا ئاللاھ تائالا ياردەم بەرگەن ئاجىز جامائەتلەر دائىما اللە ياردەم بەرمىگەن ھەر قانداق كۈچلۈك جامائەتلەرنى مەغلۇپ قىلغان، بۇ ھەق. ئەگەر ئاللاھ يولىدا چىققان كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلسا، سادىقلاردىن بولسا، نىيىتى بۇزۇلمىسا، ئەملى بۇزۇلمىسا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ياردەم بەرگەن. چاقماق تىزلىكىدە پۈتۈن دۇنيانى قىسقا مۇددەتتە!

بۇرادەرلەر! ئۆمەر ئىبنى خەتتاب دەۋرىدە ئىسلامنىڭ قارشىسىدا تۇرىدىغان باشقا كۈچ قالمىغان. 10يىل رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىجرىتى بولىدىغان بولسا،2 يىل ئابابەكرىنىڭ بولىدىغان بولسا، 10 يىل ئۆمەرنىڭ بولىدىغان بولسا،22 يىل،23 يىل مابەينىدە رۇم، پارىس ئىمپىرىيىلىرى پاچاقلاندى، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. جەزيرەتۇل ئەرەبتە يەھۇدىلارنىڭ شاۋكىتى قالمىدى، قىسقا مۇددەت،23،22 يىل مابەينىدە.

ۋاھالەنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ تەۋھىد دەۋىتىنى ئۆزى يالغۇز باشلىغان ئىدى. بۇرادەرلەرگە ئەسلىتىپ ئۆتتۇم « فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ... »ئايىتىدە ئاللاھ سۇبھانۇھۇ ۋەتائالا، اللەدىن تاقەتىڭلار يەتكىچە قورقۇڭلار دىگەن.لىكىن بۇ تاقەت، بۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ تارازىسى ھەر كىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا بولماسلىقى كىرەك. خۇددى ھەربىر ئەمەلىمىزدە كىتاب ۋە سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىپ، خاسسەتەن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىدىن ئۆزىمىزگە نەمۇنە ئالغانغا ئوخشاش تاقەتنىمۇ كىتابتىن ئېلىشىمىز كىرەك، سۈننەتتىن ئېلىشىمىز كىرەك، خۇلافائى راشىدىنلارنىڭ ھاياتىدىن ئېلىشىمىز كىرەك، ساھابىلارنىڭ ھاياتىدىن ئېلىشىمىز كىرەك، سەلەف ـ سالىھىنلارنىڭ ھاياتىدىن ئۆزىمىزگە تاقەتنىڭ قانچىلىك بولىشىنى ئېلىشىمىز كىرەك. بولمىسا شەيتان ساڭا شۇنچىلىكى يېتىدۇ دەيدۇ، سىنىڭ دىنغا خىزمىتىڭ شۇنچىلىكى يېتىدۇ دەيدۇ، سىنىڭ تاقىتىڭ شۇنچىلىكىگە يەتكەن دەيدۇ.

ۋاھالەنكى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆزىنىڭ كالامىدا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ سۈننەتلىرىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىك قىلىشتىكى تاقىتىنى قوبۇل قىلغان بىزگە. بىز بىخەۋەر ئۈممەت ئەمەسمىز، يولنى يوقىتىپ قويغان ئۈممەت ئەمەسمىز، بىزگە ھەممىسىدىن خەۋەر بار.ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تا مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان پەيغەمبەرلەرنى رەببىلىرىگە بەندىلىك قىلىشىدىكى، دەۋەت يولىدىكى ئازارلارغا، مۇسىبەتلەرگە، نىمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشى، ھەممىسى بار.

«سىراتەل مۇستەقىم» دە مۇستەھكەم تۇرغان پەيغەمبەرلەر ھەممىسى بۇنى ئەمەلى كۆرسىتىپ بەرگەن. نوھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل دەۋەت قىپتۇ،دەۋەتتىكى بۇ كىشىنىڭ تاقىتى شۇنچىلىك، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتىدا، 18يىل ئارقىمۇ ـ ئارقا مۇسىبەتلەرنى قوبۇل قىلدى، بەندىلىكىگە ھىچقانداق زەخمەت تەگكىنى يوق، ئۆزگەرگىنى يوق. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام پەرزەنتى يۇسۇپنى يوقىتىپ قويۇپ مۇسىبەتلەرگە قانچە سەۋر قىلدى، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قانچە سەۋرلەرنى قىلدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام قانچە سەۋرلەرنى قىلدى، بۇلارغا ئىمان كەلتۈرگەن مۇسانىڭ ئانىسى، فىرئەۋنىنىڭ ئايالى، بۇلارنىڭ قانچە تاقىتى بار ئىدى؟! ئەسھابۇل ئۇخدۇد؛ بۇلارنىڭ قانچىلىك بەندىلىك تاقىتى

بار ئىدى؟ فىرئەۋنىنىڭ سېھىرگەرلىرى؛ دەسلىپىدە فىرئەۋنگە سېھىرگەرلىك قىلىپ، كۈنىنىڭ ئاۋۋىلىدا سېھىرگەر بولۇپ ، كۈنىنىڭ ئاخىرىدا شەھىدلىك مەقامىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ تاقىتى قانچىلىك ئىدى؟ پۇت ـ قوللىرى كېسىلدى، ئۆزلىرىمۇ دەرەخكە ئېسىپ قويۇلدى، لېكىن ئۇلار يولىدىن قايتمىدى. ئەسهابۇل ئۇخدۇد تۇرلۇك رىۋايەتلەردە 18 مىڭغا يېقىن ئەر ۋە ئايال ۋە ياش بالا ئوتتا كۆيدۇرۇلدى، بۇلار ئىماندىن قايتمىدى...
خەبباب ئىبنى ئەرەب؛ ئەقىدىسى ئۈچۈن، دىنى ئۈچۈن شۇنچىلىك ئازابلانغان كىشى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ هوزۇرىغا كېلىپ «يا رەسۇلۇللاھ ! ئاللاھتىن بىزگە ياردەم سوراپ بەرمەيسەنمۇ؟ زۇلۇم كۆپىيىپ كەتكەن ۋاقىت» دېگەن چاغدا رەسۇلۇللاھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نارازى بولدى، كەيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى، جايىدىن قايتىپ ئېيتتىكى«سىلەر شاش قارا ئۇممەتسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەر دىنى ئۈچۈن تىرىك يەرگە كۆمۈلۈپ، ھەرىدەلگەن، گۆشلىرى يۇلۇۋېلىنغان، لېكىن ئۇلار ئارقىسىغا قايتمىغان» دېدى...

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىپە ۋاقتىدا بىر كۈنى خەبباب ئىبنى ئەرەبكە ئېيتتىكى«ئى بۇرادەر! مەككىدە ئاللاھ ئۈچۈن ئازابلانغان ئورۇنلىرىڭىزنى ماڭا بىر كۆرسىتىڭ»دېگەندە، بەدەنلىرىنى كۆرسەتكەن ۋاقتىدا ، ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدىكى ئازاب ئورۇنلىرىنى كۆرۈپ ئۆمەر ئىبنى خەتتابتەك شۇنچىلىك سالاپەتلىك كىشى ھۇشىدىن كېتىپ قالغان ئىدى... بۇ كىشىنىڭ خوجايىنى يىنىپ تۇرغان چوغقا بۇ كىشىنىڭ بەدىنىنى باساتتى،بەدىنىدىن چىققان ياغ ھىلىقى ئوتنى ئۆچۈرۈپ قوياتتى، بۇ كىشى شۇنچىلىك ئازابلانغان. قانچىلىك تاقىتىمىز بار؟! ۋەھالەنكى شەرىئەت ئىجازەت بەرگەن ـ ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ ئىمانى قەلبىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ ئاغزىغا ئېلىپ كەلگەن سۆزىگە شەرىئەت ئىجازەت بەردى ،لېكىن بىر مۇسۇلماننىڭ دەرىجىسى باشقا بولىدۇ.مانا تاقەت دېگەن...

تاقەت دېگەندە ھەر قايسىمىز تېخى ئۆزىمىزگە تارازا قويۇپ مىنىڭ تاقىتىم شۇنچىلىككە يېتىدۇ، نامازدا مىنىڭ مۇشۇنچىلىككە يېتىدۇ (دەيمىز.) خوپ، رەسۇلۇللاھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانچىلىك ناماز ئوقىغان ، ساھابىلەر قانچە ناماز ئوقىغان ، قانچە جىھاد قىلغان ؟ قانچە تەقۋا قىلغان، قانچە زاھىدلىق قىلغان؟ مانا بۇلاردىن ئۆرنەك ئالايلى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىر كۈنى خۇتبىدە تۇرغان ئىدى. ئۇممەتكە بىر ئاچارچىلىق كەلگەن، ئاچلىقتىن قورسىقى غولدۇر ـ غولدۇر قىلاتتى، بىر نەرسە يىمىگەن ئىدى. قورسىقىغا قاراپ ئېيتتىكى «غولدۇرلامىسەن ـ غولدۇرلىمامىسەن تا ئۇممەتتىكى يېتىملەرنى، بىۋىلەرنى تويغۇزمايدىكەنمەن، ساڭا ھېچنەرسە بەرمەيمەن.»...

كۆپ سىناق قىلغانمىز، مۇسۇلمانلارنىڭ ھالى قانداق دەپ كىچىلىرى ئايلىنىپ يۈرەتتى... يېتىم بالىلارنىڭ تائامىنى ئۆزى يۈشۈرۈپ بىرەتتى، ئۇنىڭغا ئىززافەتەن كېچىلىرى تۇرۇپ ھېچكىمى يوق ئۆيلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. ئەبۇ بەكرى سىددىق پۈتۈن ماللىرىنى ئاللاھ يولىدا نەپىقە قىلدى، ئۆيىگە ھېچ نەرسە ئېلىپ قالمىدى، بۇ ھەم تاقەت. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب تەبۇك غازىتىگە يىرىم مىلىنى بەردى ، بۇ ھەم تاقەت. بىز ئۇڭاي چارچاپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇلار شاۋكىتى بولۇپ تۇرۇپ ، دۇنيانى فەتىخ قىلىپ تۇرۇپ ، شۇنچە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى سەرىپ قىلغان.بىز ھازىر يەھۇدى ـ ناسارا، كاپىرلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالغان ئۇممەتمىز ، قۇرئاننى ھىمايە قىلالمايدىغان ، پەيغەمبەرنىڭ ئابرۇيىنى

ھىمايە قىلالمايدىغان ، نومۇسى تاجاۋۇز بولسا ھىمايە قىلالمايدىغان ، مەسجىد ـ مەدرىسەلەر بۇزۇلسا ھىمايە قىلالمايدىغان ، پۈتۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قېنى بەدىلىگە ئېلىنغان دىيارلار كاپىرلار تەرىپىدىن بىسىۋېلىنغان... بىز ئۇلارغا نىسبەتەن كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك ، بىزدە غەيرەت بولماسلىقى كېرەك بۇرادەرلەر!

ئۇسامە ئىبنى زەيد ـ ئەمىرۇل ئۇمەرا: 17 ياشلىق بالا. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ھەممە بۈيۈك ساھابىلەرنىڭ ئۈستىگە شۇ كىشىنى ئەمىر قىلىپ قويدى ، بۇ ھەم تاقەت . بۇ كىشىنىڭ ئاتىسى موتە غەزۋەسىدىكى 3 ئەمىر، بۇلار 3000 كىشى روبىرو تۇرغان يۈز مىڭلاپ ئەسكەر بىلەن ئۇرۇشتى ، بۇ ھەم تاقەت . تارىق ئىبنى زىياد ، مۇھەممەد ئىبنى قاسىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ياش يىگىتلەر.

مۇھەممەد ئىبنى قاسىم سىندنىڭ فەتىخ قىلغۇچىسى ، 17 ياشلىق بالا...12مىڭ لەشكەرنىڭ ئەمىرى ، بىر يىلدا سىندنى فەتىخ قىلدى ، بىر مۇسلىمەنىڭ نىداسىنى ئىجابەت قىلدى . بىزگە لال مەسجىدتە مىڭلاپ سىڭىللىرىمىز نىدا قىلدى ، بىز قولىمىزدىن كەلگەن ئىشنى تولە بىجىرەلمىدۇق، ئانىمىز شەھىد بولدى ، ئاچىمىز شەھىد بولدى ، سىڭلىمىز شەھىد بولدى... قولىمىزدىن ھىچنىمە كەلمىدى ، چۈنكى شەيتان بىزنى ئالدىدى؛ ساڭا شۇنچىلىكى يېتىدۇ ، سەن ئىش قىلىپ تۇرۇۋېسەڭغۇ، مانا ۋەزىپەڭنى بىجىرىپ تۇرۇۋېسەڭغۇ... ئەگەر ئۆلگىنىمىزگىچە جىھاد قىلساق لال مەسجىتتىكى كاپارەتنى بىجىرەلمەيمىز بۇرادەرلەر بىلىپ قويۇڭلار! كاپارەت بولمىسا كېرەك شۇ نەرسىگە.

داد !!!... دەپتۇ ئۇ يەردە مۇسلىمەلەر... قىنى مۇجاھىدلار؟!! قىنى بىلىدە ئەركەكلىك غەيرىتى بارلار؟! قەيەردە ؟!! كەلمەمدۇ؟! ياردەم بەرمەمدۇ؟! بىز ياردەم بىرەلمىدۇق... بۇرادەرلەر، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالدىمايلى.ئىسلام ئاباد 200 نەچچە كىلومىتىر ، ئەگەر جامائەتنىڭ يېرىمى ئاشۇ مۇسلىمەلەرنى ،(ھەتتا) ھەممىسى ئاشۇ مۇسلىمەلەرنى ھىمايە قىلىپ مەسجىد ئىچىدە تۇرۇپ شەھىد بولۇپ كەتسە بۇ بىز ئۈچۈن ئىپتىخار ئىدى ، چۈنكى خۇدانىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۆزرىمىز بولار ئىدى ، ھازىر مىنىڭ ئۆزرەم يوق ... شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرادەرلەر، ئۇممەتنىڭ غىمىدە كۆيۈڭلار، قورۇلۇڭلار ، بولمىسا يۈزىمىز قارا بولىدۇ، ھەر كىم ئۆزىنى تەكشۈرسۇن، ھەر كىم ئۆزىنى ئىسلاھ قىلسۇن ، بىرىنچى ۋەسىيىتىم ئاللاھتىن قورقۇڭلار... ئىككىنچىسى، نامازغا ئېتىبار بېرىڭلار ، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا ئېتىبار بېرىڭلار ، نامىزىمىز تۈزەلسە، ئىنشائاللاھ ئەمەلىمىز تۈزىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، گۇناھتىن قورقايلى ، كاپىرلاردىن قورقمايلى. بىزنىڭ غەيرىتىمىزنىڭ ئاجىزلاپ قىلىشىغا، ھەق بىلەن باتىلنى تونىيالماي قىلىشىمىزغا ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنىڭ ئاز قالغانلىقىغا سەۋەب بولغان نەرسە گۇناھىمىز بۇرادەرلەر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئېيتقان ئىكەن «كاپىرلاردىن قورقماڭلار ، دۈشمەنلەردىن كۆپ قورقماڭلار ، لىكىن گۇناھتىن قورقۇڭلار.»

بۇ جامائەت شۇنچە شەھىد بەرگەن، لىكىن ھەر ۋاقىت ئۇممەت ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا 1 ـ سەپتە بولغان، ئەڭ ياخشى كۆرگەنلىرىنى ، ئەڭ ئەزىزلىرىنى 1 ـ سەپتە تۇرۇپ شەھىد بەرگەن بۇ جامائەت...ھەممە ئۇممەت قىچىپ كەتكەن ۋاقىتدا بۇ جامائەت قاچمىغان، نامەرتلىك قىلمىغان . نامەرتلىك ، بىغەيرەتلىك ، دەيۈزلۈك بۇ جامائەتتە بولمىغان ، بولماسلىقى كېرەك . چۈنكى سادىقلىق بىلەن بولىمىز ، بىغەيرەت، دەيۈز بولۇپ قالمايلى

بۇرادەرلەر ، ئاچىمىز ئاياغ ئاستى بولدى بىلەيلى ،ئاشۇ سىلەرنىڭ ئاچىلىرىڭلار بىلىپ قويۇڭلار. ئاشۇ لال مەسچىتتە پاۋچىلار ئايىغىدا قالغان ئاشۇ مۇسلىمەلەر ئاچىمىز، ئانىمىز بولىدۇ ، دەيۈز بولمايلى ، مەلئۇنلار كۆزىمىز ئالدىدا ئۇلارنى ئاياغ ئاستى قىلدى... غەيرىتىڭلارنى قولۇڭلارغا قايتۇرىۋېلىڭلار ، بولمىسا ئاياغ ئاستى بولىسىلەر، بىلىپ قويۇڭلار .

ئەركەك ۋە ئايال ھەممىسى ئۆزىنى تەكشۈرسۇن، بۇ جامائەت دەيۇز جامائەت ئەمەس ، بىزنىڭ شەھىدلەرگە بەرگەن ئەھدىمىز بار، رەببىمىزگە بەرگەن ئەھدىمىز بار. تاشقىرى چىقىپ كەتكەن چوڭ خائىن:«تۆگىدى بۇ جامائەت ، بۇ جامائەتتە غەيرەت ئىگىسى قالمىغان » دىگەن كاززاپلار ئۇلار. بۇ جامائەتتە ئەركەكلەر بار ، رىجاللار بار ، چوڭ خائىن چىقىپ كەتكىنى بىلەن بۇ جامائەت تۈگەپ كەتكەن ئەمەس . ئىنشائاللاھ بۇ جامائەت ئىسپاتلايدۇ، ئىسپات بىلەن ئىسپاتلايدۇ ، مىنىڭ ئىشەنچىم بار ئىنشائاللاھ.

لىكىن يېنىڭلار بۇرادەرلەر، ئۇممەتنىڭ غېمىدە قورۇلۇڭلار ، كىچىلىرى ئۇخلىماڭلار، خاتىرجەم ئۇخلىماڭلار! رەسۇلۇللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئۇممەتنىڭ غىمىدە تاڭ ئاتتۇرمىغان مىنىڭ ئۇممىتىم ئەمەس » دىدى، تاڭ ئاتقۇزسىمۇ ئۇممەتنىڭ غىمىدە تاڭ ئاتقۇزمىسا مىنىڭ ئۇممىتىم ئەمەس دىدى ، يېنىڭلار بۇ ئۇممەتنىڭ غېمىدە ، ئىنشائاللاھ ئۇممەتكە ئاللاھ تائالا زەپەر بىرىدۇ ، 1 ـ سەپلەردە تۇرۇڭلار ، قەلەي جېڭىدە سىلەر بىرىنچى سەپتە تۇردۇڭلار، شىمال خەتلىدە پۈتۈن دۇنيا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە سىلەر ھەم بىرىنچى سەپتە تۇرغانسىلەر، شايكوتتا ھەم بىرىنچى بولۇپ قەلبىڭلارنى قالقان قىلغانسىلەر، پاكىستاندىمۇ قىلغانسىلەر ، تاجىكىستاندىمۇ شۇ ئىشنى قىلغانسىلەر ، قورغان تويىدە تانكىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالغان ئادىرخانلار ، بۇ سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار ، بۇرادەرلەر! ئاشۇلارغا مۇناسىپ ۋارىس بولۇڭلار ، ئاشۇلارغا مۇناسىپ ئۇكا بولۇڭلار ، ئاشۇلارغا مۇناسىپ بۇرادەر بولۇڭلار ، بىغەيرەت بولۇپ قالماڭلار ، دەيۇز بولۇپ قالماڭلار ، ئۇتىدا قورىلىڭلار... نىمە قىلسام شۇ ئۇممەتنى زىللەتتىن ئېلىپ چىقىمەن دىگەن غەمدە بولۇڭلار ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا خىيانەت قىلىپ قويماڭلار .

كۇفرىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن مانا بىز ھەم ئىشلىگەنمىز ئاشۇ يەردە، كاپىر كومىنىستلارنىڭ راۋاجى ئۈچۈن ، نېمە ئۈچۈن بۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىسلام ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ؟ كۇفرى دىيارىدا بىز كۇفرىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن جانىمىزنى جاپبارغا بىغىشلىغانمىز ، تىنىم تاپماي ئىشلىگەنمىز. ئەلھەمدۇلىللاھ جەننەت يولىغا ھىدايەتلىنىمىز ، ئەلھەمدۇلىللاھ ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ياردەم بىرىدىغان بولۇپ قالىمىز ، ھەممە كۈچىمىزنى سەرپ ئىتەيلى! 100 كىلو يۈك كۆتۈرگەن بولساق بۈگۈنكىچە ، 150 كىلو يۈك كۆتۈرۈڭلار بۇرادەرلەر ، ھەممە ساھەدە تەشەببۇس قىلىنىدۇ ، خاتا قىلىپ قويارمەنمۇ دەپ قورقماڭلار ، كىشى ئىشلىسە كېيىن خاتا قىلىدۇ ، كېيىن ئىسلاھ قىلىدۇ ، تەشەببۇس قىلىنىدۇ ، قولىمىزغا بايراق بىرىلگەن، تەۋھىد بايرىقى بىرىلگەن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەۋھىد بايرىقىنى جىھاد مەيدانلىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن ساھابىلەرنى ئۆرنەك قىلايلى ، بۇلارنىڭ بىرىنچىسى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بايراقدارى ئىدى ،كاپىرلار ئوڭ قولىنى كىسىپ تاشلىدى، بايراق ئوڭ قولىدا ئىدى، يەرگە چۈشەرمىدى،

سول قولى بىلەن تۇتتى، سول قولى كېسىلدى ، بايراقنى كېسىلگەن ئىككى قولى بىلەن باغرىغا بېسىۋالدى، بەدەنلىرىگە ئۇرۇلغان ئوقتىن يىقىلدى، لېكىن بايراق يەرگە چۈشمىدى... بۇ بىر ئىبرەت بولسۇن ، بۇ ھەم تاقەت .

جەفەر تەييار؛ مۇتە غەزۋەسىدە ئوخشاش ئىش قىلدى. ئوڭ قولى كېسىلدى، بايراقنى سول قولى بىلەن تۇتتى، سول قولى كېسىلدى، بايراقنى كېسىلگەن قالغان قولى بىلەن تۇتتى... رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىكى «جەفەر تەييار ئىككى قولى كېسىلگەندە جەننەتتە ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ » دېدى...

ئەنە بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىڭلار ، سۈلۈك قىلماڭلار ، ئۆزىمىزدىكى غەفلەتنى يوقىتايلى بۇرادەرلەر ، ھەقىقەتەن مەن كەسىتىدە(لىنتىدا) ئاڭلىدىم ، بىر شەيخ چۈش كۆرگەن ئىكەن ، سالىھ كىشى ئىكەن ... چۈشىدە «ئېيتىپ قويۇڭ ئۈممەتكە مېنىڭ ھەققىم بىلەن مېنىڭ ئۈستۈمدە شۇنچە ھاقارەت بولۇۋاتسا تاماشا قىلىپ تۇرۇۋېتۇ »... پەيغەمبەر ئوچۇق ھاقارەت قىلىنىۋاتىدۇ ، ئاچچىق مەسخىرە قىلىنىۋاتىدۇ ، دۇنياغا كىنو قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ... ھوي، ئاتا ـ ئانىمىز ئۇ كىشىگە پىدا بولسۇن!!! ئېيتتىكى جەننەتتە ئاشۇ كىشى بىلەن بىللە يۈرمەكچىمىز ، مۇشۇ كىشىنىڭ شاپائىتىنىڭ ئۈمىدىدە يۈرىمىز ، ساھابە ئاياللار ئاڭلايدۇكى، رەسۇلۇللاھى (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) شەھىد بوپتۇ... ئەمدى بىزگە ھايات كېرەك ئەمەس دەپتۇ ئۇلار... بىز ئاشۇ كىشىنىڭ ئۈممىتى بىز، ئەتىسى بىزگە شاپائەت قىلسا دەپ ئاشۇ كىشىدىن ئۈمىدىمىز بار...

بىز نېمە قىلىپ يۈرىمىز؟ ئۆزىمىزنى ئالدىمايلى ، تېخى شاۋكىتىمىزنىڭ مىليونىدىن بىرىنىمۇ قايتۇرىۋالمىغانمىز ،كىچە سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى بۈگۈن 6 يىلدىن كېيىن مۇجاھىدلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن شەيخ ئۇسامە ھەفىزەھۇللانى نېمە دەپتۇ؟ « بىز پاكىستان مەسىلىسىدە 6يىل كېيىن قالدۇق» دەپ كىتاپ يېزىپ چىقىرىپتۇ ، «6 يىل ۋاق قالدۇق بۇنىڭغا ئىستىغفار ئېيتىشىمىز كېرەك» دەپتۇ. ئەلھەمدۇلىللاھ ئاللاھ سىلەرگە بۇ غەيرەتنى بەرگەن ئىدى ، ئۇلاردىن ئالدىراق بۇ ئىشنى باشلىغان ئىدىڭلار ئەلھەمدۇلىللاھ ، بۈگۈن ئارقىدا قالماڭلار ، ئالدىغا ئۆتۈڭلار ئىتتىڭلارنى چاپتۇرۇڭلار ، ھەممەيلەن ئىتتىنى چاپتۇرسۇن ، پەقەت ئالدىغا ! غەپلەتنى يوقىتىڭلار ، ئىمان ـ ئىسلام ئوتىدا كۆيەيلى ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتەيلى ، مەيلى سەتىمىز يوقالسۇن شۇ يەردە! لېكىن ئاياغ ـ قولىمىز كېسىلسە ھەم بىز بۇ يولدىن قايتمايمىز ، بۇ بىزنىڭ ئەھدىمىز بۇرادەرلەر ، تاقىتىمىز يەتمەيۋاتىدۇ دىمەڭلار، تاقەتنى «ۋەلا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللا» ئاللاھ بىرىدۇ...

تالۇت ـ جالۇت قىسسىسى مەلۇم ، 80 مىڭ لەشكەر چىقتى ، غەلىبىنى 313 كىشى قىلدى، 80 مىڭ قايىدا 313 قايىدا ؟ كېيىنكى ۋەسىيىتىم جامائەت ئىچىدە ھەممەيلەن ئەمرى ـ مەرۇف، نەھى ـ مۇنكەر قىلىدىغان بولسۇن . «سىلەردىن قايسى بىرىڭىز بىر مۇنكەرنى كۆرسە قولى بىلەن قايتۇرسۇن ، ۋە بۇ گۇناھنى قىلغۇزمىسۇن ، قولى بىلەن قايتۇرۇشقا قادىر بولمىسا ، زوراۋان بولسا ، جابىر ئەمىر بولسا ،مەسئۇل بولسا، قۇماندان بولسا ، تىلى بىلەن قايتۇرسۇن» ، قورقسا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ شۇ ، شۇ مۇنكەرلىك قىلغۇچى سىزنى ئۆلتۈرىۋېتەمدۇ؟ تىلىڭىز بىلەن ئېيتىڭ. ئەلھەمدۇلىللاھ بىز مۇئمىنلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن قورقىمىز ، بەلكى بىز خاتالىقىمىزنى تۈزەتكەن بۇرادەردىن خۇرسەن بولىمىز. زوراۋان ، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدىكى ئەڭ ئاجىز ئادەم، ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ

سۆزى. بۇ جامائەتنىڭ تاپقان ئابرۇيىنى تۆكمەكچىمۇ؟ بۇ شەھىدلەرنىڭ نامىنى بەدنام قىلماقچىمۇ؟ بۇ جامائەتنى بولغىماقچىمۇ؟...ھەر بىر چوڭ ھەم كىچىك ، مۇھاجىر ـ ئەنسانلارنىڭ ۋەزىپىسى مانا مۇنكەردىن قايتۇرۇش.بىز ئىيتقانمىز، شەرىئەتنى ئەمىردىن تارتىپ ئاددى پۇقراغىچە تەدبىق قىلىمىز. مەن چوڭ ـ چوڭ يىغىلىشلاردا سىلەرگە ئىيتقانمەن. قايسى بىر مۇئمىن بۇرادىرىمنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەن بولسام ، زۇلۇم قىلغان بولسام كەلسۇن،ھەققىنى ئېلىۋالسۇن ، قىيامەتكە قالمىسۇن دەپ ئارقامنى ئاچقانمەن، ھازىر ھەم ئاچىمەن. بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغان.شۇ بويىچە قىلىمەن، ئۆزەم قىلماستىن.

ئەمىردىن باشلاپ ھەر بىر كىشىگە ئەمىر ـ مەئرۇف قىلىسىلەر.بۇنىڭدىن قورقماڭلار.جامائەتتە قەلب بىلەن قايتۇرۇشقا ئىجازەت يوق. قەلب بىلەن يامان كۆرۈشكە ئىجازەت يوق. ئۆلىمالار قەلب بىلەن ئىنكار قىلىشقا كۇفرى ئىچىدە ياشاپ تۇرىۋاتقان كىشىگە ئىجازەت بېرىدۇ.قەلبى بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرالايدۇ. شۇ ئەڭ ئاجىز ئىمان.

بۇرادەرلەر! ئۇممەتنىڭ غېمىدا ياشاڭلار.قورسىقىڭلارنىڭ غېمىنى قىلماڭلار.نېمىگە چىققانلىقىمىزنى ، نېمە ۋەزىپىمىز بارلىقىنى ياخشىلاپ پىكىر قىلىڭلار.قايسى بىر خىزمەتتە بولساڭلار ، قايسى بىر سەنگەردە بولساڭلار خىيانەت قىلىپ قويماڭلار.ئارقاڭلاردا ئۇممەت تۇرۇپتۇ.ئارقارڭلاردا ئىففەتلەر تۇرۇپتۇ...ماڭا شۇ جىنايەتچىلەر كېلىپ شىكايەت قىلسۇن.پالانچى مېنىڭ قىلغان جىنايىتىم ئۇچۇن مېنى ئۇردى دەپ يۈزۈمگە دېسۇن...خاتا قىلدۇقمۇ، ياقىمىزدىن ئېلىڭلار: ئى بۇرادەر! بۇ سىزنىڭ شەخسى تىجارىتىڭىز ئەمەس، بۇنچە شەھىد بەردۇق، ئۆزىڭىزچە بۇ نەرسىنى بۇزماڭ دەڭلار، بېلىڭلارنى مەھكەم باغلاڭلار!

«وَلاَ تَهِنُوا وَلاَ تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ»

«سۇلۇك قىلماڭلار ، يېتىۋاتقان ئازارلارغا خاپا بولماڭلار ، ئەگەر ھەقىقى مۆمىن بولساڭلار سىلەر غالىبسىلەر ». سۇلۇك قىلىش ، مۆمىنلەرگە كاپىرلار تەرىپىدىن يېتىۋاتقان ئازارلارغا خاپا بولۇش، بۇ ئاللاھ تائالا توسقان نەرسە ، ھەققىمىز يوق. بىز ئادەملەر ئۇچۇن قىلمايۋاتىمىز.

«لَا نُرِيدُ مِنكُمْ جَزَاء وَلَا شُكُورًا»

بۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزغا ئادەملەر بىزگە نە رەھمەت ئېيتسۇن نە مۇكاپات بەرسۇن، كۇتمەسلىك كېرەك. بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرگە قاتتىق تەگكەن بولساق ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۇچۇن، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىز ئۇچۇن قاتتىق تەگكەنمىز ، شۇ يولىمىزنى داۋام ئەتتۇرىمىز. بىلىڭلارنى مەھكەم باغلاڭلار، ئۆزىمىز ئۇستىدە ئىشلەيلى، تاكى ھىلىقى داۋايىمىزدا سادىق بولايلى. ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ياردەم بەرگۈچىلەردىن بولۇڭلار.

«سۇبھانەكەللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ئەشھەدۇئەللائىلاھەئىلا ئەنتە ئەستەغفىرۇكە... جەزەكۇمۇللاھۇ خەيرەن.»